ھۆسەن روزى تىرىك

# ئۆز دۇنيادىن كەلگەن ئادەم



ئىككىنچى قىسىم

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ھۆسەن روزى تىرىك



# ئۇ دۇنيادىن كەلگەن ئادەم

( رومان )

ئىككىنچى قىسىم

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

复活之人.上.下/玉山肉孜·提热克著.—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2006.8
ISBN 978-7-5371-5266-2

Ⅰ.复…　Ⅱ.玉…　Ⅲ.长篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）　Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2005）第 055182 号

责任编辑：阿布力孜·克尤木
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏

# 复活之人（维吾尔文）

（下册）

玉山肉孜·提热克　著

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号　邮编：830049）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新 疆 新 华 印 刷 厂 印 刷
850×1168 毫米　32 开本　15.625 印张
2006 年 8 月第 1 版　2009 年 3 月第 2 次印刷

ISBN 978-7-5371-5266-2　（上，下册）定价：60.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرى:  ئابلىز قېيۇم
مەسئۇل كوررېكتورى:  دىليار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:  غالىب شاھ

# ئۇ دۇنيادىن كەلگەن ئادەم (2)

(رومان)

**ئاپتورى:  ھۇسەن روزى تىرىك**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 ـ كوچا 1 ـ قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168 × 850م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 15.625
2006 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
ISBN978 — 7 — 5371 — 5266 — 2
ئىككى كىتابنىڭ باھاسى:  60.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە

## ئىككىنچى قىسىم


يىگىرمە تۆتىنچى باب «چوققۇ»دا يېزىلغان ھەجۋىيلەر ............ 479
يىگىرمە بەشىنچى باب قۇدۇقتىن ئاڭلانغان نالە ............ 497
يىگىرمە ئالتىنچى باب ئاپرېلدىكى سوراق.................. 516
يىگىرمە يەتتىنچى باب قۇياشقا تەلمۈرگەن مەھبۇس ...... 532
يىگىرمە سەككىزىنچى باب «قېنى سەن ھەقىقەت؟» ...... 553
يىگىرمە توققۇزىنچى باب يېتىمنىڭ ئەلۋىداسى............. 581
ئوتتۇزىنچى باب تارىمدا ئۆتكەن كۈنلەر..................... 598
ئوتتۇز بىرىنچى باب ئاخىرقى ئۆتكەل ....................... 623
ئوتتۇز ئىككىنچى باب «ھەي! بۇ قالپاق دېگەن…» ...... 641
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب خىرىسقا دۇچ كەلگەن مۇھەببەت ............ 662
ئوتتۇز تۆتىنچى باب «پرولېتارىيات كالتىكى» ............ 682
ئوتتۇز بەشىنچى باب جەنۇب ئاسمىنىدىكى
ئىس - تۈتەكلەر .......................................... 707
ئوتتۇز ئالتىنچى باب رەزىل سۇيىقەست .................... 726
ئوتتۇز يەتتىنچى باب دەردمەن ھەمراھلار.................. 746
ئوتتۇز سەككىزىنچى باب ئاقساق مۇزدۇزنىڭ
ھېكايىسى .................................................... 766
ئوتتۇز توققۇزىنچى باب كۆۋرۈك ئاستىدا كۆرگەن چۈش ......... 781
قىرىقىنچى باب نەس بېسىش ................................ 795
قىرىق بىرىنچى باب سەزگۈر شەپقەتچى..................... 813
قىرىق ئىككىنچى باب ۋەھىملىك پاراڭلار .................. 829

قىرىق ئۈچىنچى باب سەرسانلىقتىكى ئۈمىد ...................... 842
قىرىق تۆتىنچى باب «چاشقان ئۇۋىسىنىڭ سىرى» ......... 863
قىرىق بەشىنچى باب خاڭدىكى كۆنلەر ........................ 879
قىرىق ئالتىنچى باب رىئاللىقنىڭ سۈرىتى .................. 897
قىرىق يەتتىنچى باب سىغىنىشتىن كەلگەن ھىجران ...... 915
قىرىق سەككىزىنچى باب تۈرمىدىن تۈرمىگە.................. 940
قىرىق توققۇزىنچى باب ئۇ دۇنيادىن كەلگەن ئادەم ...... 957

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# «چوققۇ»[1] دا يېزىلغان ھەجۋىيلەر

*«سەن ئەگەر بولساڭ خەلقىنىڭ شائىرى ،*
*تىل - دىلىڭغا ، ئىچ - تېشىڭغا ئوخشىغاي .*
*شاخمۇ شاخ يۇرمە قونۇپ گۇلباغ ئارا ،*
*ئەمدى چاڭگال بىر پۇتاقتا توختىغاي .*
*چىق سارايدىن ، كىر خەلقىنىڭ قوينىغا ،*
*ھەر سۆزۈڭدىن چىن ھەقىقەت ياڭرىغاي .*
*كۆن ئىلاھى ، ئايمۇ سەزمىگەننى سەز ،*
*قەلب سەزگۈڭ چاڭ - تۇماندا قالمىغاي .»*

— ئابدۇكېرىم خوجا «پارچىلار» دىن

سېنتەبىرنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى...

ئالتۇن كۈز تاغارچى دادۇيگىمۇ توقچىلىق ئاتا قىلدى . قوغۇن - تاۋۇز ، كاۋا - چامغۇر ، دادۇر - پۇرچاق دېگەنگە ئوخشاش يېمەكلىكلەرنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن كىشىلەرنىڭ قورساقلىرى بەكمۇ كوركىراپ كەتمەيدىغان بولدى . باللارمۇ جىلتىلىرىغا سۇدا پىشۇرۇلغان دادۇر ، مايلىق تالقانلارنى سېلىشىپ ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن مەكتەپكە كېلىشكە باشلىدى . دەرسلەر ئالللىقاچان باشلىنىپ كەتتى ، لېكىن دەرسلىك كىتابلار ھازىرغىچە كەلمى-

① چوققۇ — جاي ئىسمى .

دى . تىلەك ئالاقىدار ئورۇنلاردىن بىرقانچە قېتىم سورۇشتۇ-رۇپ ، «مۇشۇ مەۋسۇمدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىدىكى دەرسلىك كىتابلار يېڭى يېزىقتا چىقىدىغان بولغاچقا ، تىزىش ، بېسىش ئۇچۇن ۋاقىت كېرەك . شۇڭا تەخىر قىلىڭ» دېگەن جاۋابقا ئېرىشتى . ئەمدى ئۇنىڭ ۋاقتى ئوقۇغۇچىلارغا ئىلگىرىكى دەرس-لەرنىڭ مۇھىم ، قىيىن جايلىرىنى تەكرارلاپ بېرىش بىلەن ئۆت-مەكتە ئىدى . ئۇ ئارام ئېلىش ۋاقتىدا مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى قاقاس سايغا چىقىپ يىراقلارغا نەزەر تاشلايتتى . ئۆزى يالغۇز ئايلىناتتى . ئاندىن گۈلمىرەنىڭ سۈرىتىنى قولىغا ئالاتتى - دە ، ئاجايىپ شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمەتتى . ئۇ بۈگۈن رېئاللىققا تەن بەردى ، ئازاب ئىچىدە مەرھۇمەنى ئەسلىگەنچە ئويلىدى : «ئۇ كەتتى ، بارسا كەلمەس جايغا كەتتى . ئەمدى ھەرگىز قايتىپ كەلمەيدۇ . ئۇ جايدىن كىم قايتىپ كېلىپ باققان ؟ ئۇنىڭ ھاياتى شۇنچىلىك قىسقا بولسىمۇ مەنىلىك ئۆتتى . مەن بولسام ھەسرەت ئىچىدە ئۆرتەنمەكتىمەن . ئەجەل دېگەن رەھىمسىز بولىدىكەن... ياش - قېرىغا باقمايدىكەن ؟ كىمنىڭ نۆۋىتى كەلسە شۇ كېتىدى-كەن . مانا يۇرتىمدە يىغلاۋاتىمەن ، ئامال قانچە ؟ بىراق گۈلمى-رەگە چىدىماي تولا يىغلاپ ئانىسىنىڭ نېرۋىسى بۇزۇلدى . دادى-سى ھىممەت ئاتىچىمۇ تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ زەربىگە چى-دىماي ياقا - يۇرتلارغا باش ئېلىپ چىقىپ كەتتى . ۋاقىتسىز ئۆلۈم بىر ئىناق ئائىلىنى ۋەيران قىلىۋەتتى... لېكىن گۈلمىرە-نىڭ ئۇلۇغ ئارزۇ - ئىستەكلىرى ، ئۇنىڭ تىللاردا داستان بولغۇدەك ئىش ئىزلىرى ، شەپقەت ، كۆيۈمچانلىق تېمىپ تۇ-رىدىغان چىرايى ، مۇشكۇللەر ئالدىدا خۇددى شەمشادتەك تىك تۇرىدىغان قەيسەر ئوبرازى ياش ئەۋلاد قەلبىدىن ئەبەدىي ئۆچمەي-دۇ . ئۇ ئۆزى ئۇچۇن ئەمەس ، باشقىلارنىڭ بەخت - سائادىتى-ى ئۇچۇن ياشىدى ! »

— ھەي ، تىلەك مۇئەللىم ، باسە مۇدىر مۇھىم يىغىن بار

دەيدۇ ، چاپسان بولۇڭ ! — دۇجەنىڭ ئاۋازى تىلەكنىڭ خىياللى-رىنى بۆلۈۋەتتى .

يىغىن باشلاندى . مۇدىر مەكتەپنىڭ ئوقۇش باشلاش ئەھۋالى ، بۇ مەۋسۇمدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن ، ئاخىرىدا مۇنۇ قارارنى ئېلان قىلدى :

— يولداش تىلەك خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن ، چوققۇ مەكتەپكە بارىدۇ . ئۇنىڭ ئورنىغا ئىلگىرى مۇشۇ مەكتەپتە ئىشلىگەن تۇخان مۇئەللىم كېلىدۇ...

بۇنى ئاڭلاپ دۇجە ئۇھ تارتىپ قويدى . نىمە دەرھال تورۇسقا تىكىلدى . ئۇنىڭ چىرايىدىن نارازىلىق تۇمانلىرى ئەگىيتتى . بالجى بولسا غودۇڭشىغانچە ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى . باسە مۇدىر بۇ ھالەتتىن تېرىككەن بولسىمۇ چاندۇرمىدى ، ئۇ تىلەكنى چاقىرىپ ، ئۇنىڭغا ئايرىم چۈشەندۈردى :

— مۇنداق ئىش ، تىلەك ، چوققۇ مەكتەپتە ئەمەت سەلەي دېگەن بىر كونا ئوقۇتقۇچى بار . ئۇ ياۋاش ، گېزى ئېغىر ، بىرەر نەتىجە يارىتىشقا ئىنتىلمەيدىغان ئادەم . سادىق يەھيانىڭ ئورنىغا بەرگەن ئوقۇتقۇچى كەلگىلى ئۇنىمىدى . خەنزۇ سىنىپقا جاڭ دېگەن بىر ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتىدۇ . ئۇ خېلى يامان ئەمەس . سەن گەرچە يېڭى ئوقۇتقۇچى بولساڭمۇ تىرىشچان ، ئۆز كەسپىڭنى سۆيىسەن . سەندە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك ، شۇڭا تەشكىل سېنى ئويلىشىپ ، چوققۇ مەكتەپكە مەسئۇل قىلىشنى قارار قىلدۇق .

تىلەك باشقا پىكىردە بولمىدى . لېكىن ، ئوماق ، سەبىي ، ئەقىللىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن ، ئوبدانلا ئېچەكىشىپ قالغان سەپداشلىرىدىن ، مىڭ تەسلىكتە ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرگەن ئاتا - ئانىلاردىن ئايرىلىش ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن تەس كەلدى . شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ھەممە ئىشلارنى ئىككى كۈن ئىچىدىلا ئاخىرلاشتۇردى . ئۇ يەنە يۇك - تاقلىرىنى ئاتقا ئارتىپ باسە

مۇدىر بىلەن چوققۇ دادۇيىگە قاراپ يولغا چىقتى. چوققۇ بىلەن
تاغارچىنىڭ ئارىلىقىنى ئون كىلومېتىرچە كېلىدىغان بىر ئۆزۈن
ساي ئايرىپ تۇراتتى. ئۇلار ماشىنا يولىنى يىراق كۆرۈپ، تاغار-
چىدىن سوزۇلغان چىغىر يول بىلەن مېڭىشتى. كەچ كۈز كىرىپ
قالغان بولسىمۇ، تىكلەشكەن قۇياشنىڭ هارارىتى يەنىلا پېشاند-
لەردە سۈزۈك شەبنەم تامچىلىرىنى پەيدا قىلاتتى. ئارىلىقتىكى
ئېگىز تۆپىلىكتىن هالقىپ ئۆتكەندىن كېيىن چوققۇنىڭ دەل -
دەرەخلىرى كۆرۈندى. بۇ بىر كۆجۈمغىنا مەهەللە بولۇپ دائىرد-
سى جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغاندى. ئۈرۈمچى - قاراشەهەر
تاشيولى بۇ مەهەللىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتەتتى.
يولدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلار خېلى يىراقتىنلا كۆزگە
چېلىقاتتى. باسە مۇدىر تاكى مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرگۈچە
تىلەككە ئەهۋالنى، چوققۇدىكى ئاتا - ئانىلارنىڭ مىجەز - خۇلقد-
نى، قانداق ئىشلەش لازىملىقىنى تونۇشتۇردى، چۈشەندۈردى.

كونا ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئورنىغا جايلاشقان بۇ مەكتەپ
ئىككى ئۇيغۇر قوشما سىنىپ، بىر خەنزۇ قوشما سىنىپ، بىر
ئىشخانا، خەنزۇ مۇئەللىمنىڭ ئىككى ئېغىزلىق ئولتۇراق ئۆيى
ۋە بىر ئىسكىلات، بىر ئوتۇنخانىدىن تەشكىل تاپقانىدى. ئىشخانا
بولسا ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قوشۇمچە ياتىقى ئىدى. ئوقۇتقۇ-
چىلارنىڭ تامىقى دادۇيدىكى كادىرلارنىڭ ئوپچە ئاشخانىسىغا ئو-
رۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بىر خۇيزۇ ئايال ئاشپەزلىك قىلاتتى.
تاماقنىڭ سۈپىتى خېلى ياخشى بولۇپ، تاغارچىنىڭ ئوپچە ئاشخا-
نىلىرىدىن ئالاهىدە پەرقلىنەتتى. يىگىرمە ئىككى جىڭ ئاشلىق
بېلىتىنى پۇلى بىلەن قوشۇپ تاپشۇرغاندا ئاندىن دادۇي كادىرلار
ئاشخانىسىنىڭ تاماق بېلىتىنى سېتىۋالغىلى بولاتتى. تىلەك بىد-
رىنچى يىللىق، ئۈچىنچى يىللىق قوشما سىنىپقا مەسئۇل بول-
دى، قوشۇمچە مەكتەپنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشقۇ-
رۇشنى ئۈستىگە ئالدى. باسە مۇدىر بۇنى ئۇقتۇرغاندا ئەمەت



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

سەلەي ، جاڭ مۇئەللىملەر بۇ شاكىچىك مۇئەللىم — يېڭى باشقۇرغۇچىنى مەنسىتمىگەندەك بىر - بىرىگە قارىشىپ مىيىقىدا كۈلۈپ ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇشتى . باسە مۇدىر ئاخىرىدا بۇ مەكتەپكە يەنە بىر قىز ئوقۇتقۇچى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە ئىدى . تىلەكنىڭ دەرس تەييارلىشى ئەمدىلىكتە كۆپ ئاسانغا چۈشتى . ئۈچ قوشما سىنىپنىڭ ئوقۇتۇشى بىلەن ئىككى سىنىپنىڭ ئوقۇتۇش سالمىقى بىر - بىرىدىن خېلى كۆپ پەرقلىنەتتى . تىلەك مۇرىسىدىكى ئېغىر تاشنىڭ بىردىنلا يېنىكلەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇنىڭ كەسپىتىكى ئەستايىدىللىقى ، مېتودى ، ئوقۇغۇچىلارغا تەربىيە بېرىش ئۇسۇلى ، سىنىپنىڭ خىزمەتلىرىنى تەشكىللىشى ئەمەت ، جاڭ مۇئەللىملەرنى دەسلەپكى قەدەمدە قايىل قىلدى . ئۇنىڭ مەكتەپ تۈزۈمى ، دەرس سېتكىلىرىنى تۈزۈشى ، لايىقلاشتۇرۇشلىرى ھەم ئەمەلىي ، ھەم جانلىق بولۇپ ، چوققۇنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بەكمۇ ماس كېلەتتى . شۇڭا ئۇلار بۇ ياش باشقۇرغۇچى بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتى . ئىككى ئايدىن كېيىن مەكتەپ خىزمىتىنى تەكشۈرۈشكە كەلگەن باسە مۇدىر مەكتەپتىكى ئىككى كونا مۇئەللىمنىڭ تىلەك توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى ، دادۇي كادىرلىرى ۋە ئەزالارنىڭ ئىنكاسلىرىنى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ باھالىرىنى ئاڭلاپ ، تىلەكتىن كۆپ خۇرسەن بولدى . ئۇ قايتىدىغان چاغدا تىلەككە :

— يارايسەن ، تىلەك ، بۇ قېتىم تەشكىلنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقتىڭ . مەنمۇ خاتىرجەم بولدۇم . ھەر ھالدا ئادەمنى خاتا تاللىماپتىمەن . لېكىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى مۇقىم ئەمەس ئىكەن . سەۋەبسىز دەرس قالدۇرىدىغانلار خېلى كۆپتەك قىلىدۇ . بۇ ئەھۋالنى تېزدىن ئۆزگەرتىش كېرەك . ھازىرچە ساغلا دەيمەن ، مەن ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمىگە يۆتكەلدىم . ئۇقتۇرۇش چۈشۈپ بولدى . ئورنۇمغا تەيىنلەنگەن يولداش نامجىل يېقىندا

كەلمەكچى ، شۇ چاغدا سىلەر بىلەن ئۇمۇميۈزلۈك خوشلىشىمەن . شۇنداق ، تىلەك ، گۈلمىرەنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت ، ھەرگىز بەل قويۇۋەتمە !... — دېدى .

* *

قىشلىق تەتىل ئاياغلىشىپ ، مەكتەپتە ئوقۇش باشلىنىپ كەتتى . تىلەك خۇددى ماشىنا ئادەمدەك تىنىمسىز ھەرىكەتلىنىپ ، سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى تۇراقلاشتۇرۇۋالدى . ئۇ سەۋىيىسى تۆۋەن ، ساۋاتسىز ئاتا - ئانىلارنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى ، جاندىن ئۆتكۈدەك تىل - ھاقارەتلىرىگىمۇ بەرداشلىق بەردى ، سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئۇلارنى قايىل قىلدى . دائىم ئۆز - ئۆزىگە : «ھەي تىلەك ، سەن كەمتەر بول ، بەكمۇ كەمتەر بول ! مەن دېگەن ئوقۇتقۇچى ، دۆلەت كادىرى ، قابىلىيەتلىك ئادەم . سەنلەردىن ئۈستۈن تۇرىمەن... دەيدىغان كىبىرنى تاشلا ! بىلىپ قوي ، سەن ئۇلارنىڭ چاكىرى ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش سېنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپەڭ ، شۇڭا سەن لەۋزىڭدە تۇرۇپ ، سەۋرچان ، ئەستايىدىل ، سەممىي بولۇشۇڭ كېرەك» دەيتتى .

مۇشۇ كۈنلەردە ئەمەت مۇئەللىمنىڭ سىنىپىدىن ئىككى ئوقۇغۇچى نېمە ئۈچۈندۇر مەكتەپكە كەلمەيۋاتاتتى . بىر كۈنى تىلەك ئۇنىڭدىن سورىدى :

— بۇ ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمى نېمە ؟ ئۇلار قايسى دۈيدە ؟ كىمنىڭ بالىلىرى ؟

— ئاكىسىنىڭ ئىسمى سەمەت ، تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇيدۇ . ئۇكىسى سەردار ، ئىككىنچى سىنىپتا... ھەر ئىككىسى ئىككىنچى دۈيدىكى تېيىپ داباڭنىڭ بالىلىرى ، ھەر ئىككىسى ئۆگىنىشتىمۇ ، ئەخلاقتىمۇ ناچار بىرنېمىلەر ، قويۇڭە ئۇلارنى !

— ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە باردىڭىزمۇ ؟
— بىر ئەمەس ، ئۈچ قېتىم باردىم ، لېكىن ھېلىقى داباڭ-نىڭ ئەلپازى…
— بۇ ئىككى بالىنى سىزچە قانداق بىرتەرەپ قىلساق بولار ؟
— ھەببەللى ، ئۇكام ، ئوبدان سورىدىڭىز… ئۇلارنى تىزىم-لىكتىن ئۆچۈرۈۋەتسەكلا ئىش تۈگەيتتى .
— ئەمەت مۇئەللىم ، — دېدى تىلەك ئۇنىڭغا مۇلايىملىق بىلەن ، — سىز بىر كونا ئوقۇتقۇچى . تەجرىبىڭىز مول… ناھىيە بويىچە ھېساب دەرسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ئوچۇق دەرس مۇسابىقى-سىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتىڭىز… بۇ ھەممىگە ئايان… بىراق بايىقى سۆزىڭىز قامالاشمىدى . بىز ناچار ئوقۇغۇچىلارنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپلا ئۇلاردىن قۇتۇلساق ، كەلگۈسىدە ئۇلارغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىمىز ؟ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز نېمە ؟ ئويلاپ كۆر-دىڭىزمۇ ؟
— ئۇكام ، — دېدى ئەمەت مۇئەللىم سەل تېرىكىپ ، — مەن ساڭا قايىل ، لېكىن بۇ ئىككى بالا بىلەن ئۇنىڭ دادىسى توغرۇلۇق ماڭا ئەقىل ئۆگەتمە . بىرلا گەپ ، ئەگەر سەن ئاشۇ قوپال ، كاج داباڭنى قايىل قىلىپ ، ئۇنىڭ ئاسمانغا پىچاق ئاتى-دىغان ئاشۇ قىلىقىسىز بالىلىرىنى مەكتەپكە كەلتۈرەلىسەڭ ئىك-كى قولىقىمنى ياغاچ پىچاقتا كېسىپ قولۇڭغىلا تۇتقۇزۇپ قويى-مەن . گېپىم گەپ ! ئۇ دېگەن باسە مۇدىرنىمۇ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارغان تەتۈر داباڭ تۇرسا… خۇددى بالىلىرى بىزگە ئوقۇپ بېرىدىغاندەك… دۈيجاڭ ھەتتا دادۈيجاڭ ، شۇجىلارمۇ ئۇنىڭدىن تەپ تارتىدۇ .
— شۇنداقمۇ ؟ ئەمىسە گېپىڭىزدە تۇرىسىز - ھە ؟ ئەگەر بۇ ئىككى بالىنى ئۈچ كۈن ئىچىدە مەكتەپكە ئەكەلمىسەم… مەنمۇ ئىككى قۇلىقىمنى…
— بولىدۇ ، ئوغۇل بالا ، ئەمىسە لەۋزىڭدە تۇرسەن جۇمۇ !

ئۇلار قول ئېلىشتى . تىلەك تېيىپ داباڭنىڭ ئىككى ئوغلىنى مەكتەپكە كەلتۈرۈشنىڭ ئۇنۇملۇك چارىسى ئۈستىدە ئۇزاق ئويلاندى .

ئەتىسى چۈشتە تىلەك ئىككىنچى دۆيدىن كېلىدىغان ئەلاچى ئوقۇغۇچىسى باقىغا تېيىپ داباڭنىڭ ئىككى بالىسىنىڭ نەدە يۈردىغانلىقىنى ، نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ كېلىشنى تاپشۇردى . باقى چۈشتىن كېيىنلا تىلەككە :

— مۇئەللىم ، بۇ ئىككىسى دۆيىنىڭ ئاتخانىسىغا بېرىپ ئوينايدىكەن . ئانىسى ئاغرىپ قاپتۇ . دادىسى ئەتىگەندە پىگىلۇ هارۋىنى هەيدەپ چىقىپ كەتسە ، كەچتە بىراقلا ئۆيگە كېلىدىكەن . كىچىك سىڭلىسى ئانىسىغا قاراۋېتىپتۇ .

— باقى ، مۇشۇ گەپلىرىڭ راستمۇ ؟

— راست ، مۇئەللىم ، ئىشەنمىسىڭىز هازىرلا بېرىڭ… ئۇ ئىككىسى هازىر ئاتخانىدا .

تىلەك ئويلاپ قالدى : «ئۇلار ئاتخانىدا نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ ؟ توختا ، بېرىپ ئۇلارنى بىر كۆزىتىپ باقاي ! ئۇلارنىڭ ئويناۋاتقىنى زادى قانداق ئويۇن ؟…»

مۇزاكىرە ۋاقتىدا تىلەك دۆيىنىڭ ئاتخانىسىغا باردى . قوتاننىڭ ئارقا تەرىپىدىكى قىغ دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئوچۇق روجەكتىن قوتان ئىچىگە نەزەر تاشلىدى : ئىككى ئوغۇل بالا ئوقۇرنىڭ ئىچىدە بىرنەرسىلەرنى تېرىپ خالتىغا سېلىۋاتاتتى . ئۇلار ئۇزۇن ئوقۇر ئىچىنى خېلى ئۇزاق ئاختۇرغاندىن كېيىن يەرگە چۈشۈپ ، قولىدىكى ياغاچ بىلەن ئات تېزەكلىرىنى قوچۇپ ، يەنە قانداقتۇر بىرنېمىگە ئېرىشتى . «قوناق !» تىلەكنىڭ يۈرىكى «قارت !» قىلىپ قالدى . ئۇلارغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىدى .

شۇ كۈنى كەچتە تىلەك تىيىپ داباڭنىڭ ئۆيىگە ئائىلە سۆھبىتىگە باردى :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، تېيىپ ئاكا !…

تۆيۇقسىز كىرىپ كەلگەن مۇئەللىمنى كۆرۈپ ، داباڭنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆچتى . لېكىن بۇ مۇئەللىمنىڭ ئەدەپلىك تۇرقى ، سەمىمىي قىياپىتى ئۇنى قوپاللىق قىلىشتىن توستىمۇ قانداق ، قولىدىكى ئارقانىنى يەرگە تاشلاپ ، قويىنىدىن ناسۋال قۇتىسىنى چىقاردى . ئۇ تىلەكنىڭ نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى ئالدىقاچان بىلىپ يەتكەنىدى .

— قېنى ، مۇئەللىم ، بۇ يەردە ئولتۇر ، مانا بۇ مېنىڭ ئۆيۈم ، ئاۋۇلار بولسا باللىرىم ، كۆرۈپ تۇرۇپسەن ، خوتۇن بولسا ئەنە ئىڭراپ ياتىدۇ . بۇ ئۆيدە تۆت بۇلۇڭ ، بىر كۇلۇڭدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق . كۆردۈڭمۇ بوران ئۇچۇپ تۇرغىنىنى ؟ چاشقانلار يامانلاپ كەتكىلى نېكەم . ئەھۋال مانا مۇشۇ ! دېسەم - دېمىسەم سەن باللارنى مەكتەپكە بارسۇن ، ئوقۇسۇن ، دەپ كەلدىڭ ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق ، ئاكا ، — دېدى تىلەك ھېسداشلىق ئاھاڭى بىلەن ، — ئۇلارنى بىلىم ئالسۇن دەپ كەلدىم .

— ئۇلارنىڭ نورما ئاشلىقى يەتمەيدۇ ، قورسىقى ئاچ ، ئاچ قورساق قانداق ئوقۇيدۇ ؟

— ئاكا ، ئۇلار مەكتەپكە بارمىسا قورسىقى ئاچمامدۇ ؟ قۇرۇق تاغار قانداق ئۆرە تۇرىدۇ ؟

تىپىپ باداڭ ئويلىنىپ قالدى : «ماۋۇ ھارامزادە نېمە دەيدۇ ؟ باللارنىڭ ئىشىنى بىلىپ قالدىمۇ - يا ؟ راست ئەمەسمۇ ، مەكتەپكە بارسا - بارمىسا ئۇلارنىڭ قورسىقى ئوخشاشلا ئاچىدىغۇ ؟ بىراق سىرنى ئاشكارىلاشقا ھەرگىز بولمايدۇ . ئۇنى بىرلا ھەيۋە بىلەن ئۇدۇل يولغا سالاي . بولمىسا ھېلىقى ئەمەت مۇئەللىمدەك بېزىرىپ ئولتۇرۇۋېرىدۇ . ئەپەندى دېگەنلەرنىڭ گېپى تولا خەق !... »

— ھەي مۇئەللىم ، سەن زادى نېمە دېمەكچى ؟ قورسىقى ئاچ بولسىمۇ ئوقۇسۇن ، كىتابنىڭ ئىچىدىن ئاش - نان چىقىدۇ

دېمەكچىمۇ ؟ ئوقۇتۇش ـ ئوقۇتماسلىق مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىش ئۇقتۇڭمۇ ؟ سەن خۇددى ماڭا بالا تېپىشىپ بەرگەندەك مەن بىلەن زاكونلاشماي ، دەرھال كەشىڭنى توغرىلا ، بىلىپ قوي ، ئوقۇتمايمەن… بولمىسا ھېلىقى…

— خاپا بولمىسىلا ، تېيىپكا ، مەن ئۆزلىرى بىلەن زاكونلاشقىلى كەلمىدىم ، چىرايلىق سۆزلەشكىلى ، ھال ـ مۇڭ بولغىلى كەلدىم . باللارنى مەكتەپكە ئەۋەتسىلە ، ئۇلار ئوقۇپ بىلىملىك بولسۇن ، بۇ قىيىن كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ . مۇبادا ئاشلىق نورمىسى يەتمەيۋاتقان بولسا ئەھۋالنى دادۇيگە ئېيتاي . ئۇلار ئويلاشسۇن . باللار ئاتخانىدا ئۆمىلەپ يۈرمىسۇنچۇ ، سەت بولىدۇ .

— نېمە ؟… ئاتخانىدا…

— شۇنداق ، ئۇلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم…

— مۇنداق دېگىن… ئەستا… بۇ ئىشنى مەن ئەجەب…

تېيىپ داباڭنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . ئۇ دەرھال مەسئۇلىيەتنى باللارغا ئارتىپ قۇتۇلماقچى بولغانىدى ، باللىرى ئىشنى بىراقلا ئاشكارىلىۋەتتى :

— دادا… دادا… سەن بۇ ياخشى ئىش ، سىلەر مەكتەپكە بارماي كۈندە ئاتخانىدىن قوناق تېرىڭلار… قورساققا دال بولىدىكەن… ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق… دەپ مەكتەپكە بارغۇزمىغانغۇ ؟ بىز بەك زېرىكتۇق ، مەكتەپكە بارايلىچۇ ؟…

تېيىپ داباڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ باللىرىغا ھۆرپەيدى . ئۇلارنى ئۇرماقچى بولۇپ قول كۆتۈرگەندە ، تىلەك ئارىغا كىردى :

— خاپا بولماڭ ، ئاكا ، باللا تېخى كىچىك ، ھەممىسى قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن بولغان ئىشلار ، قورساقنى ئاسقۇغا ئېسىپ قويغىلى بولمايدۇ ـ دە ! بۇ توغرۇلۇق كادىرلار بىلەن سۆزلىشەي ، ئۇلار ئەتىلا مەكتەپكە بارسۇن… مەن چوقۇم لەۋ-



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com